# شى جىنپىڭ رۇسىيە زۇڭتۇڭى پۇتىن بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 2020 ـ يىلى جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىككى دۆلەت ۋە پۈتۈن دۇنياغا نىسبەتەن ئىنتايىن پەۋقۇلئاددە بىر يىل بولدى. يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ كەڭ تارقىلىشى ئىنسانلارنىڭ ھاياتى بىخەتەرلىكىگە مىسلىسىز خىرىس شەكىللەندۈردى، دۇنيا ئىقتىسادىغا ئېغىر زەربە ئېلىپ كەلدى، دۇنيا داۋالغۇش، ئۆزگىرىش مەزگىلىگە كىردى. ساپ ئالتۇن ئوتتا سىنىلار. خەتەرلىك، قىيىن پەيتتە، جۇڭگو ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىچە ئەۋزەللىكى ۋە بىباھا قىممىتى بارغانسېرى گەۋدىلەندى. ئىككى تەرەپ ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارنى ئورتاق يېڭىپ، بىر ـ بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە داۋاملىق بىر ـ بىرىنى قەتئىي قوللاپ، ئىككى دۆلەتنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئۆزئارا ئىشەنچى ۋە دوستلۇقنى گەۋدىلەندۈردى. ئىككى دۆلەت خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىغا پائال يېتەكچىلىك قىلىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى ياۋروپا ـ ئاسىيا ئىقتىساد ئىتتىپاقى بىلەن ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىتىپ، دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقىنى ئورتاق تەبرىكلەپ، 20 دۆلەت گۇرۇھى، شاڭخەي ھەمكارلىق تەشكىلاتى، كېسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك رامكا ئىچىدە مۇھىم يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغداش، كۆپ تەرەپچىللىكنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتىكى مۇستەھكەم تۈۋرۈككە ئايلاندى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: «جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىناق قوشنىدارچىلىق، دوستانە ھەمكارلىق شەرتنامىسى»دە بېكىتىلگەن ئەۋلادمۇئەۋلاد دوستانە ئۆتۈش ئىدىيەسى ۋە يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت پرىنسىپى خەلقئارا مۇناسىۋەت تارىخىدىكى بىر چوڭ ئىجادىيەت، ئۇنىڭ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچى ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش ئېففېكتى نۆۋەتتىكى خەلقئارا ۋەزىيەتتە سېجىل نامايان بولدى. ئىككى تەرەپ كېلەر يىلى شەرتنامە ئىمزالانغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى تەبرىكلەشنى پۇرسەت بىلىپ، ئىككى تەرەپ ھەمكارلىقىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدىن، تېخىمۇ كەڭ ساھەدىن، تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامدىن ئالغا سىلجىتىدۇ. جۇڭگو يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى پائال بەرپا قىلىپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىدىن ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو ـ رۇسىيە ھەمكارلىقىنى تېخىمۇ كەڭ تەرەققىيات پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىككى تەرەپ تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى ئۇيغۇنلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەمكارلىق يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى زورايتىپ، جۇڭگو ـ رۇسىيە پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش يىلىنى داۋاملىق ياخشى ئۆتكۈزۈپ، ئىككى دۆلەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا ساھەسى، كەسىپ ساھەسىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئالاقە، ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تېخىمۇ ياخشى كۈچ قوشۇشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ـ رۇسىيە مۇناسىۋىتى قۇدرەتلىك ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە مۇستەقىل قىممەتكە ئىگە بولۇپ، خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمايدۇ، ھەرقانداق باشقا ئامىللارنىڭ كاشىلىسىغا ئۇچرىمايدۇ. جۇڭگو ـ رۇسىيە ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، بېسىم ئىشلىتىپ ئىككى دۆلەتنى پارچىلايدىغان ھەرقانداق سۇيىقەستكە ئۈنۈملۈك تاقابىل تۇرالايدۇ ھەم خەلقئارا ئادىللىق، ھەققانىيلىقنى قوغداش ئۈچۈن مۇستەھكەم توسۇق قۇرۇپ چىقالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ رۇسىيە تەرەپ بىلەن جۇڭگو ـ رۇسىيە يېڭى دەۋر ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ تەرەققىياتى، گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

پۇتىن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بۇ يىل گەرچە يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولساقمۇ، رۇسىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى پۇختا قەدەممۇقەدەم تەرەققىي قىلدى، ئىككى تەرەپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا بىر ـ بىرىنى قوللاپ، ئىقتىساد ـ سودا، ئېنېرگىيە، پەن ـ تېخنىكا قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى سېجىل ئالغا سىلجىتتى. كېلەر يىلى ئىككى تەرەپ «رۇسىيە ـ جۇڭگو ئىناق قوشنىدارچىلىق، دوستانە ھەمكارلىق شەرتنامىسى» ئىمزالانغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى ئورتاق تەبرىكلەيدۇ، بۇ، رۇسىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتى تارىخىدىكى مۇھىم ئابىدە. رۇسىيە تەرەپ قەتئىي تەۋرەنمەي رۇسىيە ـ جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشقا كۈچ چىقىرىدۇ. مەن سىز بىلەن بىرلىكتە ئىستراتېگىيەلىك يېتەكچىلىك رولىمىزنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، رۇسىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى بىر يىلدا يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشىگە ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشنى خالايمەن. رۇسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن داۋاملىق تۈردە بىر ـ بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان مەسىلىلەردە بىر ـ بىرىنى قەتئىي قوللاپ، خەلقئارا ئىشلاردىكى ئىستراتېگىيەلىك ماسلىشىش ۋە ھەمكارلىشىشنى قويۇقلاشتۇرۇپ، يەر شارىۋى ئىستراتېگىيەلىك مۇقىملىقنى قوغداش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى خالايدۇ.

ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى داۋاملىق تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق دائىملىق ئالاقىنى ساقلاشقا قوشۇلدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە «پارتىيەنىڭ تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى توغرىسىدا»غا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى بۇرچ ـ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداشتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، تەخىرسىزلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرى ۋە «پارتىيەنىڭ تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى توغرىسىدا»نى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈش، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ تەشۋىقات خىزمىتى نىزامى»نى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە قوللىنىشنى تۇتاشتۇرۇش، بىلىش، ئىشىنىش، قىلىشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى يېڭى ۋەزىيەتتىكى تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بايراقنى كۆتۈرۈش، خەلق رايىنى مۇجەسسەملەش، يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئوبرازنى نامايان قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تىرىشىپ قۇدرەتلىك ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە يېتەكلەش كۈچىگە ئىگە سوتسىيالىستىك ئىدېئولوگىيە قۇرۇش كېرەك. قەتئىي بوشاشماي شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى بىلەن كاللىنى قوراللاندۇرۇپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىپ، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇپ، ئاساسىي ئېقىم ئىدىيەسى ئاممىۋى پىكرىنى زورايتىپ، كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت ئارقىلىق شىنجاڭنى ئوزۇقلاندۇرۇش قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەپ، شىنجاڭ ھېكايىسىنى كۆپ قاتلاملىق، ھەر تەرەپلىمە، ئىستېرېئولۇق ياخشى سۆزلەپ، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىم بولغان ئىنتايىن ياخشى ۋەزىيىتىنى، خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشاۋاتقان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەۋاتقان بەختلىك تۇرمۇشىنى مەردانىلىك بىلەن تەشۋىق قىلىش كېرەك.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيەنىڭ تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، بايراقنى روشەن ھالدا پارتىيە تەشۋىقاتنى باشقۇرۇش، پارتىيە ئىدېئولوگىيەنى باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت(پارتىيە گۇرۇپپا)لىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، ئىدېئولوگىيە خىزمىتى مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەھلىل قىلىش، ھۆكۈم قىلىش ۋە بىرتۇتاش پىلانلاپ يېتەكچىلىك قىلىش رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك، ھەرقايسى ئەزا ئورۇنلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. يېتىشتۈرۈش، تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي جەھەتتە قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان، ئىقتىدارى يۇقىرى ۋە كۈچلۈك، ئەمەلىيەتچىل، يېڭىلىق يارىتالايدىغان، غەلىبىلىك جەڭ قىلالايدىغان تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى قوشۇنىنى تىرىشىپ قۇرۇش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات ـ ئىدىيە خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى يىغىنغا قاتناشتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەتراپتىكى كەنتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇندى، سۈت نان، زاغرا نان، گۆلقەنت نان، لازا نان قاتارلىق يېڭى تۈرلەرنىڭ خام ئەشيالىرىنىڭ كۆپىنچىسى شۇ جايدىن چىقىدۇ. «ناننىڭ سۈپىتى ۋە دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، چوڭ نان شەھەرچىسى دېھقانلار بىلەن توختام ئىمزالاپ، زاكازلىق يېزا ئىگىلىك شەكلىدە مەھسۇلات مەنبەسىنىڭ سۈپىتىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى» دېدى ۋاڭ شىرۇڭ.

سايىبويى چوڭ نان شەھەرچىسىگە ئوخشاش بۇنداق نانچىلىق كەسپلەر باغچىلىرى كۇچا شەھىرىنىڭ ھەربىر يېزا ـ بازىرىدا دېگۈدەك بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆلەملەشكەن، ئەڭ خاسلىققا ئىگە بولغىنى كۇچا شەھىرى ئىشخىلا بازىرىغا جايلاشقان كۇچا چوڭ نان شەھەرچىسىدۇر. ئىمارەتلىرى قەدىمىي پۇراققا ئىگە، ئەسلىھەلىرى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان كۇچا چوڭ نان شەھەرچىسى دۆلەت 3A دەرىجىلىك ساياھەت مەنزىرە رايونى بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئاپتونوم رايونىنىڭ غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسى بولغان كۇچا چوڭ نېنىغا ۋارىسلىق قىلىدىغان ۋە يېڭىلىق يارىتىدىغان جاي، شۇنداقلا كۇچانىڭ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى نامايان قىلىدىغان كۆزنەك.

مۇخبىرلارنىڭ ئىگىلىشىچە، كۇچا چوڭ نان شەھەرچىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدىكى تونۇرلار مۇھىت قوغداش ئۆلچىمى بويىچە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، بىر كۈندە ئاز دېگەندە 5000 نان ئىشلەپچىقىرىپ، 2.5 توننا ئۇن، 100 كىلوگرام پىياز ھەمدە ئوخشاش بولمىغان مىقداردىكى سۈيېغى، لازا، زاراڭزا، كۈنجۈت قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدىكەن.

كۇچا چوڭ نان شەھەرچىسى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ دىرېكتورى لىۇ چىڭخۇانىڭ نەزەرىدە، كۇچا چوڭ نان شەھەرچىسى كۇچا چوڭ نېنىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان، تونۇشتۇرىدىغان جاي بولۇپلا قالماي، يەنە ناماراتلارنى يۆلەش بويىچە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بازىسى، ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش بازىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئىشخىلا بازىرىنىڭ لەڭگەر كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مىجىت روزى ئەر ـ خوتۇن ئىلگىرى نامرات ئاھالە ئىدى، 2018 ـ يىلى 6 ـ ئايدا كۇچا چوڭ نان شەھەرچىسىدە خىزمەتكە ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، ھەر ئايدا ئائىلە كىرىمى 4000 يۈەن كۆپىيىپ، شۇ يىلى نامراتلىق قالپىقىنى ئېلىۋەتتى. مىجىتنىڭ مۇخبىرلارغا ئېيتىشىچە، بۇلتۇر ئۇ تېرىغان ئىككى مو يەردىكى پىياز ۋە سەۋزىنىڭ ھەممىسىنى كۇچا چوڭ نان شەھەرچىسى سېتىۋاپتۇ، باھاسىمۇ بازار باھاسىدىن يۇقىرى بوپتۇ.

ئىگىلىنىشچە، كۇچا شەھىرىدە نۆۋەتتە كۈنىگە 150 مىڭ نان ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە 100 مىڭى شۇ جايدا سېتىلىدىكەن، 50 مىڭى باشقا جايلارغا سېتىلىدىكەن. بېيجىڭ، گۇاڭجۇ، نىڭبودا كۇچا چوڭ نېنىنى نەق مەيداندا يېقىش، سېتىش تارماق دۇكانلىرى بار بولۇپ، كۇچانىڭ ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى چوڭ نانغا ئەگىشىپ تەرەپ ـ تەرەپكە ئوبوروت قىلىنىدىكەن. كۇچا شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى، نانچىلىق كەسپى تەرەققىياتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇدىرى مىرزىگۈل مەممەت مۇنداق بىلدۈردى: كۇچا چوڭ نېنى كۇچا شەھىرىنىڭ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئاممىنىڭ كىرىمىنى سېجىل، مۇقىم ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قانۇنچىل ھۆكۈمەت قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىپ، مەمۇرىي ھوقۇق يۈرگۈزۈشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاممىۋى ئىشەنچلىكلىكىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك. مەمۇرىي تەكشۈرۈپ تەستىقلاش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئالدىنقى خاراكتېرلىك تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىشلىرىنى سېجىل ئاددىيلاشتۇرۇش ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىش، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇش، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇشتىكى مۇھىم تەدبىر. مەمۇرىي ئىجازەت تۈرلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە تۆۋەنگە بېرىشنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، ئىسلاھات يانداش تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئىش داۋامىدىكى، ئىشتىن كېيىنكى نازارەتنى كۈچەيتىپ ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىپ، بىكار قىلىنغان، تۆۋەنگە بېرىلگەن ۋە قوبۇل قىلىنغان مەمۇرىي ئىجازەت تۈرلىرىنىڭ قويۇپ بېرىلىشىگە، تاپشۇرۇۋېلىنىشىغا، ياخشى باشقۇرۇلۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: تاش كېمىر ئىبادەتخانىلىرىنى قوغداش ـ پايدىلىنىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەملەشتە چىڭ تۇرۇپ، تاش كېمىر ئىبادەتخانىلىرىنى قوغداش ـ پايدىلىنىشنى ئۇنىۋېرسال ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ بىرتۇتاش پىلانلاشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈزۈلمە مېخانىزمنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك؛ قوغداشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىلغار پەن ـ تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ قوغداش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك؛ ئىختىساسلىقلارنى كەڭ دائىرىدە توپلاشتا چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك، كەسپلەشكەن پەن تەتقىقات قوشۇنى ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلارنى رېمونت قىلىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قوشۇنى قۇرۇش كېرەك؛ ۋارىسلىق قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، تاش كېمىر ئىبادەتخانىلىرى قىممىتىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى قېزىش كېرەك؛ ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ئۆگىنەك ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىغا مۇلازىمەت قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تاش كېمىر ئىبادەتخانىلىرىنى قوغداش ـ پايدىلىنىش يولىدا مېڭىپ، تارىخنى سۆزلىتىش، مەدەنىي يادىكارلىقلارنى سۆزلىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: شەھەر ـ بازارلاردىكى كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش مۇھىم، زور خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپى بويىچە، شەھەرلەرنى يېڭىلاش، ئىلمىي پىلانلاشنى ئالغا سىلجىتىشقا بىرلەشتۈرۈپ، شەھەر ـ بازارلاردىكى كونا ئولتۇراق رايونلارنى زور كۈچ بىلەن ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، مەھەللىلەرنىڭ ياشانغاندا كۈتۈنۈش، ھاۋالىلىك بېقىش، داۋالاش قاتارلىق ئاممىۋى مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، «تىك يۆنىلىشتە تېگىگىچە، توغرا يۆنىلىشتە چېتىگىچە بولغان، ئورتاق قۇرىدىغان، ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان» مەھەللە ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ ھازىر بار تۇرالغۇلارغا لىفت ئورنىتىش خىزمىتىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، ھازىر بار تۇرالغۇلارنىڭ ئىشلىتىلىش فۇنكسىيەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەر ـ بازارلاردىكى كونا ئولتۇراق رايونلارنى ئۆزگەرتىش سىياسىتىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر»نى راۋانلاشتۇرۇپ، ئاھالىلەرنىڭ تۇرالغۇ شارائىتىنى يەنىمۇ ياخشىلاپ، ياشانغانلارنىڭ ئولتۇراقلىشىشىغا باب كېلىدىغان مۇھىت قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى تېخىمۇ قولايلىق، تېخىمۇ راھەت، تېخىمۇ گۈزەل قىلىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن رەھبەرىي كادىرلارغا قارىتا كوللېكتىپ پاكلىق سۆھبىتى ئېلىپ باردى

# تىرىشىپ مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، ئەمەلىي ئىشلەش ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، پاك ـ دۇرۇس بولۇش خىسلىتىنى مەڭگۈ ساقلاش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا**، ئىختىيارىي مۇخبىر **ۋاڭ نىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىنى قوللىنىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى باشقۇرىدىغان يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن 124 كادىرغا قارىتا كوللېكتىپ پاكلىق سۆھبىتى ئېلىپ باردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پارتىيەلىك رەھبەرىي كادىرلار شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشنى باش سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئېتىقاد ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، «باش كەيگۈەن»نى ئۈزلۈكسىز چىڭىتىپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىش، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىش، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا گەۋدىلەندۈرۈپ، خىزمەتلەردە ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيەلىك رەھبەرىي كادىرلار خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقچىل ھېسسىياتقا تولۇپ، خەلق ئۈچۈن ئىشلەش قابىلىيىتىنى كۈچەيتىپ، خەلق ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشى كېرەك. پارتىيەنى باشقۇرۇش، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، شەكىلۋازلىق، بيۇروكراتلىقنى قەتئىي تۈگىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پارتىيەلىك رەھبەرىي كادىرلار قانۇن بويىچە ھوقۇقنى ئادىل ئىشلىتىپ، پارتىيە ئىنتىزامى، دۆلەت قانۇنىغا بولغان ئەيمىنىش تۇيغۇسىنى ساقلىشى كېرەك. باشتىن ـ ئاخىر قاتتىق تەلەپچان بولۇپ، پارتىيە نىزامنامىسى، پارتىيە قائىدىسى، پارتىيە ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ نازارىتى ۋە چەكلىمىسىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىش كېرەك. ئەخلاق جەھەتتىن تەربىيەلىنىشنى ئۈستۈرۈپ، بىخ ھالىتىدە يوقىتىش، چىرىكلىشىشنى رەت قىلىپ، ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئىدىيە توسىقىنى مۇستەھكەملەپ، مەڭگۈ بوشاشمايدىغان روھىي ھالەت، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش قابىلىيىتى بىلەن، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىنىڭ گۈزەل يۈكسەك رەسىمىنى چىن قەلبى بىلەن سىزىپ، تىرىشىپ پارتىيە ۋە خەلق رازى بولىدىغان جاۋاب قەغىزى تاپشۇرۇش كېرەك.

مەملىكەت بويىچە «ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەشتىكى مەدەنىي كوللېكتىپ»لار ۋە «ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، ياشانغانلارغا كۆيۈنۈش، ياشانغانلارغا ياردەم بېرىشتىكى نەمۇنىچى شەخس»لەرنى باھالاش نەتىجىسى ئېلان قىلىندى

# ئاپتونوم رايونىمىزدىن 27 كوللېكتىپ، 46 شەخس تىزىملىككە كىردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، 2020 ـ يىللىق مەملىكەت بويىچە «ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەشتىكى مەدەنىي كوللېكتىپ»لار ۋە «ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، ياشانغانلارغا كۆيۈنۈش، ياشانغانلارغا ياردەم بېرىشتىكى نەمۇنىچى شەخس»لەرنى باھالاش نەتىجىسى يېقىندا ئېلان قىلىنغان، ئۈرۈمچى شەھىرى ئېرداۋچياۋ باشقۇرۇش كومىتېتى گۈيۈەن كوچىسى مەھەللىسى قاتارلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 27 كوللېكتىپ مەملىكەت بويىچە «ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەشتىكى مەدەنىي كوللېكتىپ» دېگەن نامغا، لىۇ خۇيلېن قاتارلىق ئاپتونوم رايونىمىزدىكى 46 شەخس مەملىكەت بويىچە «ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، ياشانغانلارغا كۆيۈنۈش، ياشانغانلارغا ياردەم بېرىشتىكى نەمۇنىچى شەخس» دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

ئىگىلىنىشچە، ئىلغارلارنى تەقدىرلەپ، پۈتۈن جەمئىيەتنى ياشانغانلارغا مۇلازىمەت قىلىشقا يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىش، ئۇنى قوللاش ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇش ۋە سەپەرۋەر قىلىش، ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ياشانغانلارغا كۆيۈنىدىغان، ياشانغانلارغا ياردەم بېرىدىغان جەمئىيەت كەيپىياتى يارىتىش ئۈچۈن، دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتى، مەملىكەتلىك ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى 2012 ـ يىلدىن باشلاپ مەملىكەت بويىچە «ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەشتىكى مەدەنىي كوللېكتىپ» بەرپا قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم باھالاپ تەقدىرلىگەن.

مەملىكەت بويىچە «ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەشتىكى مەدەنىي كوللېكتىپ» تىجارەت، باشقۇرۇش ۋە مۇلازىمەت قاتارلىق ئىش ئورۇنلىرىدا ياشانغانلارغا ئەلا مۇلازىمەت قىلىشنى پائال قانات يايدۇرغان ئىلغار كوللېكتىپلارنى كۆرسىتىدۇ؛ مەملىكەت بويىچە «ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەش، ياشانغانلارغا كۆيۈنۈش، ياشانغانلارغا ياردەم بېرىشتىكى نەمۇنىچى شەخس» ئائىلە ئىستىلى، ئائىلە تەربىيەسىگە ئەھمىيەت بېرىپ، چوڭلارغا ۋاپادار بولۇپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىغا كۆيۈنۈپ، ئاممىنىڭ يۈكسەك تەرىپلىشىگە ئېرىشكەن ئىلغار شەخسلەر ۋە ياشانغانلار ئىشلىرىغا قىزغىن ئىشتىياق باغلاپ، ياشانغانلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغدىغان، جەمئىيەتتە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە ئىلغار شەخسلەرنى كۆرسىتىدۇ.

ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىدىكى ئالاقىدار مەسئۇل كىشى مۇنداق بىلدۈردى: ئاپتونوم رايونىمىز ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش پائالىيىتىنى پائال تەشكىللەپ، قانات يايدۇرۇپ، جەمئىيەتنى ياشانغانلارغا مۇلازىمەت قىلىشقا پائال قاتنىشىشقا يېتەكلەپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياشانغانلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، ياشانغانلارغا كۆيۈنىدىغان، ياشانغانلارغا ياردەم بېرىدىغان ياخشى كەيپىيات يارىتىدۇ.

سكانېرلاپ تىزىملىكنى كۆرۈڭ